# سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى

جاڭ جيەنشىن

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈرلۈك پەننىڭ ئالىملىرى مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى خېلى بۇرۇنلا باشلىغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مىللەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، تارىخشۇناسلار بۇئېرۇنلاۋە بولۇپ، ھەممىسى ئۆز كەسپى دائىرىسىدە مىللەت توغرىسىدىكى بىرەر تېمىنى تەتقىق قىلماقتا. ھازىرقى جەمئىيەتتە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇرەككەپلىشىپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر قاتار رېئال مەسىلىلەر پەيدا بولدى. بۇلار بىزنى يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تۈرلۈك پەنلەرگە ئائىت بىلىملەر ئاساسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھەم كونكرېت تونۇشقا ئۈندەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەت- جەمئىيەتشۇناسلىق مىللەتشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شاخلاپ چىققان. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى مۇشۇنداق يېڭى ئېھتىياجغا باب كەلدى. مىللەتلەرنىڭ رېئاللىقى توغرىسىدىكى ھازىرقى تەتقىقاتىمىزغا ياردىمى بولار دېگەن ئوي بىلەن بۇ ماقالىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئۈستىدە ئۈچ تەرەپتىن مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن.

## 1. مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەتشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بىرىكىشى ئاساسىدا مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق مەيدانغا كەلدى. بۇ پەننىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى B IO G بولومولېي 1979 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مىللەتشۇناسلىق يىغىنىدا مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات بەردى.

ئۇ، مىللەتشۇناسلىق مىللەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى، جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ، دەپ قارىدى. مىللەتشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى بۇ چۈشەنچە مىللەتشۇناسلىق - جەمئىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ يېڭى پەننىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى. بۇ پەننىڭ ۋەزىپىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر خىل مىللەتلەر ئىچىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىچىدىكى ئالاھىدىلىكىنى يېشىپ بېرىشتىن ئىبارەت ①.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتشۇناسلىقى رېئال مىللىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا يۈزلەندى. مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بۇنداق بۇرۇلۇش مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېچىپ بەردى. بۇ مەزگىلدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا قاراپ مىللىي رايونلارنى ئايرىش، ئاپتونوم بىرلىكلەرنىڭ چېگرىسىنى ئايرىش، بەزى مىللەتلەرنى پەرقلەش ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش بۇ ۋەزىپىنىڭ مەركىزى بولدى. مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (1) ماكرو جەھەتتىكى تەتقىقات يەنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش ۋە ئالاھىدىلىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدە، ھەتتا دۇنيا مىقياسىدا تۇرۇپ ئومۇمىي جەھەتتىن ئېچىپ بېرىش. (2) مىكرو جەھەتتىكى تەتقىقات، يەنى بىرەر جاينىڭ ياكى بىرەر مىللەتنىڭ مەلۇم بىر تەرەپتىكى ئۆزگىرىشىنى مەسىلەن، بىر مىللەتنىڭ نوپۇسى، تىلى، مەدەنىيىتى، پسىخىكىسى قاتارلىقلارنى كونكرېت تەھلىل قىلىش.

---

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاچقۇچ شۇ يەردىكى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ئۈستىدە كۈچ چىقىرىش كېرەك.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى [ئىچكى ژۇرنال]» نىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم

يەنى بىر مۇھىم تېما يېزا، شەھەر ئاھالىسىنىڭ رېئال تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتۇر. ئۇنىڭ تەلىپى:

1) شەھەر ئاھالىسىنىڭ رېئال تۇرمۇش ئادەتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى يېزىغا قارىتىلغان تەتقىقات بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش.

2) غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنىڭ، يەنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ «مەدەنىي تۇرمۇشى» نى كۆزىتىش - تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش.

3) نۆۋەتتىكى ھالدا ئىشچىلارنىڭ ئادىتى، مەدەنىيىتى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىش.

مىللەتشۇناسلىقنىڭ رېئاللىق ئۈستىدىكى تەتقىقات ئەمەلىيىتى بۇ پەننىڭ ئۆز نەزەرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى ۋە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ جەرياندا بىر قاتار ئارا پەنلەر، مەسىلەن، مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق، مىللەت نوپۇسشۇناسلىقى، مىللەت پسىخولوگىيىسى، مىللەت ئىقتىساد شۇناسلىقى، شەھەر مىللەتشۇناسلىقى، ستاتىستىكا مىللەتشۇناسلىقى، يېمەك - ئىچمەك مىللەتشۇناسلىقى، قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى. بولۇمۇ لېنىننىڭ ئېيتقىنىدەك، رېئال ئەھۋالنى تەتقىق قىلىشتا، مىللەتشۇناسلارنىڭ خىزمىتى كونكرېت جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى پەننىڭ ئالىملىرى كۆپىنچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر ساھە (ئۆرپ - ئادەت، ئائىلە) گە تەڭ قىزىقىپ قالىدۇ. ئەمما، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ خىزمىتى بىلەن مىللەتشۇناسلارنىڭ خىزمىتى تەكرار ئەمەس، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن تەكشۈرىدۇ. مەسىلەن، ئائىلىنى تەتقىق قىلىشتا، جەمئىيەتشۇناسلار ئائىلىدە كۆرۈلىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە قىزىقىدۇ. مىللەتشۇناسلار بولسا ئائىلىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىككە قىزىقىدۇ. سىنىپىي مۇناسىۋەت بىلەن مىللىي مۇناسىۋەت گىرەلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تەتقىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ②. مىللەتشۇناسلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار تەتقىقاتتا مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ جۇغلانمىسىدىن ئەمەس، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىن كىرىشىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا، بىرىنچى تۈركۈم مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلار مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، ئۇلار تۈرلۈك ساھەلەردە كۆپلىگەن كونكرېت تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىچە، چوڭراق كۆلەمدىكى تەتقىقاتلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايرىم جۇمھۇرىيەتلىرىدىلا ئېلىپ بېرىلدى. 70 - يىللارنىڭ بېشىدا، جۇمھۇرىيەتلەر ئارا سېلىشتۇرما

تەتقىقاتلار باشلاندى. بۇ تەتقىقاتنى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى باشلاپ بەردى. بۇ تەتقىقات ئورنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېستونىيە، روسىيە، مولداۋىيە، گرۇزىيە، ئۆزبېكىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلىرىدە شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ مىللىي تەركىبىگە ئاساسەن ئورغۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ خىزمەتنىڭ نەتىجىسى ئورغۇن جۇمھۇرىيەتلەردە تەسىر كۆرسەتتى. 80 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. مىللەتشۇناسلىقنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق ئۇسۇلى بىلەن رېئاللىق ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمۇ داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى. 1981 - يىل ئەتىيازدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باكو شەھىرىدە 2 - قېتىملىق ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، كۇرسانتلارغا سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي يۈنىلىشى تونۇشتۇرۇلدى، يېڭى تەتقىقات ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇلدى. 1982 - يىلى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقات خادىملىرى ھازىرقى زامان مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلدى ھەم بۇ تېما بويىچە كەڭ تۈردە ماتېرىيال توپلىدى. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەممە يېرىدە مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپى بويىچە تەتقىقات كوللېكتىپى بار بولدى. مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى كارېلىيەدىن ئەرمېنىيەگىچە، ئۇكرائىنادىن مولداۋىيە، سىبىرىيەگىچە ھەممە يەردە يولغا قويۇلدى. بەزى داشۆلەردە مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق دەرسى ئۆتۈلمەكتە. 60 - يىللاردىن 70 -، 80 - يىللارغا كەلگىچە تەتقىقات ئەمەلىيىتىنىڭ كېڭىيىشى، چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى، كۆلىمى، نەزەرىيىسى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىدا زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇپ، ئېنىق كەسپ ئالاھىدىلىكى شەكىللەندى.

## 2. نەزەرىيە ۋە ئۇسۇل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئالىملار مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى، ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى ۋە چېتىلىدىغان دائىرىسى توغرىسىدىكى تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز، تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك نۇقتىلاردىن بايان قىلدى. بەزى ئالىملار: «مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق مىللەتنىڭ ماھىيىتىنى

جەمئىيەتشۇناسلىق ئاساسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان پەن» دەپ قارىدى. بەزى ئالىملار: «مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق مىللەت توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي پەن، ئۇ مىللەت توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى كۆزىتىدۇ، مىللەت توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئوقۇمنى بەلگىلەيدۇ، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ» دەپ قارىدى ③. سوۋېت ئالىملىرىنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىققا بەرگەن تەبىرى مۇنداق: «مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق — مىللەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى، يەنى ئىجتىمائىي ھادىسە بىلەن مىللىي ھادىسىلەرنىڭ ئورگانىك بىرلىكى ۋە ئۆز ئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مېخانىزم» ④. مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىدۇ، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ مىللەتنى تەتقىق قىلىدۇ. دېمەك بۇ يېڭى پەن ئىككى تەرەپتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، مىللىي ھادىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمگە باغلىقلىقى ۋە مەدەنىيەتتە، تۇرمۇشتا ئىپادىلەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى، ھەرىكەت قائىدىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىدىيە، تىل، مىللىي ئاڭ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى ئېچىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىچىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادىلىنىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش. ئىككىنچىسى، مىللەتلەر ئىچىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي جەريانلار ۋە ھادىسىلەرنى ئېچىپ بېرىش. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانى ئوخشاش قانۇنىيەتكە ئىگە. لېكىن بۇ مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چەتكە قاقمايدۇ. ماھىيەتتە، مىللىي ئالاھىدىلىك ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھادىسە ئىچىدە. مەسىلەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش، كەسىپ تاللاش، كەسپىي يۆتكىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك كونكرېت جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىق قىلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، ئەمگەك، مەدەنىيەت، ئائىلە، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزم سوۋېت جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ مېتودولوگىيىسىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. تارىخىي ماتېرىيالىزم بىلەن مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق: تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيە جەھەتتىكى ئومۇمىيلىق دائىرىسىگە قويۇلىدۇ، مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق كۆپ خىل پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلى-

دىغان ۋاستە دائىرىسىگە قويۇلىدۇ. دېمەك، ئەمەلىي تەجرىبىنى ئىنسانلار پائالىيىتى جەھەتتىكى ئىپادىلەش ۋە تەھلىل قىلىش ۋاستىسى قىلىشقا بولىدۇ ۋە شۇنداق قىلىش ئورۇنلۇقتۇر. بۇنداق ئايرىش نەزەرىيە جەھەتتىن قارىغان-دىمۇ ئاقىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى ئىككى تەرەپنىڭ لوگىكا جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزم ئادەتتىكى نەزەرىيە سۈپىتىدە مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كونكرېت تەتقىقات ئەمەلىيىتىگە يېتەك-چىلىك قىلىدۇ. مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كونكرېت تەتقىق قىلىدىغىنى ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى، مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىكى ئەھمىيەت-لىك ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە ئىجتىمائىي چەكلىمىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى، جۈملىدىن ئۇنىڭ تىل، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مىللىي تونۇشلۇق، مىللىي مۇناسىۋەتتىكى مىللىي ئاڭ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەل قىلغۇچ رولى.

مەخسۇس بىر پەن بولغان مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، تەتقىقات ئۇسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بىر يۈرۈش نەزەرىيەۋى ئۇقۇم كاتېگورىيىسىمۇ بولۇشى كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتىكى بۇنداق قۇرۇلمىنىڭ بار-لىققا كېلىشى ئەمەلىي تەتقىقاتنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا باغلىق. بۇ يېڭى پەن تېخى دەسلەپكى قەدەمدىكى تەجرىبە قىلىش، تەدبىقلاش خاراكتېرىدىكى تەتقىقات باسقۇچىدا تۇرغانلىقى، نەزەرىيە جەھەتتىكى تەتقىقات يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي، مىللىي ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇنا-سىۋىتىنى تەتقىق قىلىش بويىچە تېخى بىر يۈرۈش سىستېمىلىق نەزەرىيەۋى ئۇقۇم ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. پەنلەرنىڭ گىرەلىشىشىدىن كېلىپ چىققان ئارىلىق-تىكى پەن بولغانلىقتىن، تەتقىقات خادىملىرى ئەمەلىي تەتقىقات جەريانىدا «تەييارغا ھەييار بولۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە مىللەت-شۇناسلىقتىن «مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى»، «مىللەت - جەمئىيەت قۇرۇلمىسى»، «كەسپىي مەدەنىيەت»، «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت»، «مىللەتنىڭ يۆتكىلىشى»، «مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى»، «كۆپ مىللەتلىك ئورتاق گەۋدە» دېگەنگە ئوخشاش بەزى مۇھىم ئۇقۇملارنى تاللاپ قوللاندى ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا كونكرېت ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ ئۇلارغا يېڭى مەنە بەردى.

ئەمەلىيەتچانلىق — مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ مۇقەررەر ئالاھىدى-لىكى. ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى پىلان ۋە باشقۇرۇشتا، ئۇ ھەقتىكى تەتقىقات مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تېپىپ چىقىشى، مەسىلەن، مىللەتلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، جەمئىـ

يېتىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئالغا سۈرۈشنىڭ بىرەر ئامالىنى تېپىپ چىقىشى كېرەك. يەنە ئالايلى، مىللەتلەرنىڭ دوستانە بېرىش - كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقە ۋاستىسى بولغان تىلنى ئۆگىنىش، ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى تېپىش ۋە باشقىلار. ئەمەلىيەتچانلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك تەتقىقات خادىملىرىنىڭ كاللىسىدا ناھايىتى ئېنىق. شۇڭا ئۇلار يازغان مۇناسىۋەتلىك كىتاب ۋە ماقالىلەر دائىم مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق مەسىلىنى كۆزىتىشتە ئۇمۇميۈزلۈك، ئەتراپلىق كۆزىتىش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. شۇڭا مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشتا ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي، پىسخىكا تەرەپلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقى، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن باشقا، يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق، ستاتىستىكا، پىسخولوگىيىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەتبىق قىلىۋاتىدۇ. مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق ئاھالىلەر ئىچىدە رەت بويىچە كۆپلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەتقىقاتنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەكشۈرۈشى ئۇنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئۇزۇنىغا (ئىجتىمائىي كەسىپ جەھەتتىن)، توغرىسىغا (نوپۇسنىڭ كۆچۈشى جەھەتتىن) تەتقىق قىلىشىغا پايدىلىق. بۇنداق تەكشۈرۈش ئوبيېكتنى سىستېما قۇرۇلمىسى بويىچە، يەنى ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي جەرياننى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مۇرەككەپ سىستېما دەپ تەتقىق قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقى ئۇچۇر توپلاش ۋە رەتلەشتە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەجرىبىلىرىدىن كەڭ تۈردە پايدىلاندى. جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئۇسۇل، يەنى ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش ۋە ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئارقىلىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى. تەتقىقات ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئىلمىي، ئىشەنچلىك بولۇپ، قىممەتلىك ئىلمىي خۇلاسىگە كېلىش ئۈچۈن پايدىلىق. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەۋرىشكە ئېلىشتا ئىلمىي ئامىل بىلەن ئىلمىي تەركىبىنىڭ نىسبىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەۋرىشكە ئېلىش نىسبىتىنى ئىشلەش ۋە ھېسابلاشتا، ئادەتتىكى ئىجتىمائىي نىسبەت مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئىلمىي ئامىلدىن

ئىبارەت مۇرەككەپ نىسبەت مۇناسىۋىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇ مۇرەككەپ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ھەر بىر ھالقىسىغا سىڭدۈرۈش كېرەك.

## 3. تەتقىقات ئەھمىيىتى ۋە قىسمەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى 1964 — 1965 - يىللىرىلا باشلانغانىدى. بۇ مەزگىلدە، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى رايونلاردا ئاساسەن ئەمگەكچى ئاھالىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى خەلقئارالىشىش جەريانى تەتقىق قىلىندى؛ ئۆزبېكىستاندا ياش - ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە مەسىلىسى تەتقىق قىلىندى؛ گرۇزىيىدە سانائەت كارخانىلىرىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسى تەتقىق قىلىندى؛ تاجىكىستاندا مىللەتلەر ئارا نىكاھلىنىش مەسىلىسى تەتقىق قىلىندى؛ بېلورۇسىيىدە 70 - يىللارنىڭ بېشىدا يېزىلاردىكى مىللىي مەسىلە تەتقىق قىلىندى، كېيىن شەھەر ئاھالىسىنىڭ زامانىۋى مىللەتكە ئايلىنىش جەريانى تەتقىق قىلىندى. مىللەتتىن ئىبارەت مۇقىم ھەم ئۆزگىرىدىغان سىستېما ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى تەرەققىياتنىڭ ئومۇملۇقلىقى ۋە سىجىللىقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋاقىت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشتۇر. بۇنداق ئۆزگىرىش ئادەتتە مىللەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى دېيىلىدۇ. ئۇ مىللەتنىڭ ئورتاق ھالدا تەدرىجىي ئۆزگىرىشىنى، پارتلاش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشىنى، ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[5]. 1967 — 1969 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تاتارىستان جۇمھۇرىيىتىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تۈنجى تەتقىقاتنى ئېلىپ باردى. بۇ تەتقىقات شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۈرلۈك سىنىپ، تەبىقە، تەشكىلاتلىرىغا چېتىلىدۇ. تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ئاساسىدا «جەمئىيەت ۋە مىللەت» دېگەن كىتاب نەشر قىلىنىپ، بۇ كىتابتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەجرىبىلىرى بىرىنچى قېتىم يەكۈنلەندى.

1972 — 1975 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقاتى ئورنى «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆز ئارا يېقىنلىشىشىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىجتىمائىي شارائىت توغرىسىدا ئىزدىنىش» قا ئاساسەن بەزى مۇھىم رايونلاردا، مەسىلەن، مولداۋىيە، گرۇزىيە، ئۆزبېكىستان، ئېستونىيە ۋە بېلورۇسىيىلەردە مىللىي مەسىلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش بو-

يېڭى 2 – باسقۇچلۇق تەتقىقاتنى يولغا قويىدى. تەتقىقاتچىلار ئاھالىلەرنى تەكشۈرگەندىن باشقا، يەنە ئىجتىمائىي پىسخىكا، ئىجتىمائىي ئىنگىلىك ۋە ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە دائىر ئوبيېكتىپ ماتېرىياللارنى يىغدى ۋە ئومۇملاشتۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت – جەمئىيەتشۇناسلىرى ھازىرقى زامان كەسپىي مەدەنىيەتنىڭ مىللىي فونكسىيىسىنى، ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئاھالىلەر تەشكىللىرىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى توغرىسىدىكى ئەمەلىي چۈشەنچىسىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش، تولۇقلاش ۋە يېقىنلىشىش ئەھۋالىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى مىللىي رايونلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلدى. شۇ ئاساستا «مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى» (ب. ك. بوندىرچ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، مىنىسك، 1980 – يىلى) دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى. مىللەت – جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئائىت يۇقىرىقى مەخسۇس ئەسەرلەردىن باشقا، تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك مۇنۇ ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ بار: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى» (B. IO. بروملى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، موسكۋا، 1977 – يىلى)، «مىللەت – جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تەتقىقات تەجرىبىلىرى — مولداۋىيە جۇمھۇرىيىتىگە دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (ئارۋېتونىيە باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، موسكۋا، 1980 – يىلى).

سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت – جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئەمەلىيىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش «تېزىس» نىڭ تۈزۈلگەنلىكىدۇر. «تېزىس» تا مىللەت – جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ رېئال ئەھمىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «تېزىس» تىن قارىغاندا، مىللەت – جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى جەق كېڭەيگەن. ئۇنىڭ رولى، ۋەزىپىسى تېخىمۇ كۆپ تەرەپلىمە ۋە قاراتمىلىققا ئىگىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللەت – جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى توغرىسىدىكى كەڭ كۆلەملىك تەتقىقات باشلىنىپ كەتتى. تەييارلىق كۆرۈش جەريانىدا، ئېستونىيە، مولداۋىيە، گروزىيە، ئۆزبېكىستان ۋە روسىيە فېدېراتسىيىسىگە تەۋە نۇرغۇن ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ۋە ئوبلاستلاردىكى ئاھالىلەر ئىچىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئىككى ئاساسىي خاھىشنىڭ، يەنى سوۋېت مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يېقىنلىشىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قىياپىتى» دېگەن كىتابتا كۆرۈلىدۇ. ئەرمىنىيە، كاۋكازىيە قاتارلىق جايلاردىمۇ مىللەت جەمئىيەتشۇناسلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقات ئورنى «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېقىنلىشىشى: مىللىي، ئىجتىمائىي ئامىل» ناملىق ئۇنىۋېرسال ئەسەرنى يازماقچى. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە يەنە مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق تەكشۈرۈشلىرى ئېلىپ بېرىلدى ھەم نۇرغۇن زور مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى، ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى، كۈندىلىك ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ئامىلى ۋە مىللەت ئامىللىرى، قوش تىللىق بولۇشنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىر بىز ئۇققان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى مىللەت - جەمئىيەتنى تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغان. بىر قاتار تەكشۈرۈشلەردە، ئۇلار بەزى تەتقىقات تېمىلىرىدا مەلۇم بىر تەرەپنى ئاساس قىلغان ھەم بىر قاتار كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلغان. بۇ نەتىجىلەر تۆۋەندىكىچە:

چوڭ - كىچىك مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈش سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە. ئۇلار مۇشۇ تېمىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش جەريانىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلدى. بۇ تەتقىقاتتا مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي كەسىپ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە پەرقنى تەتقىق قىلىش ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى چۈشىنىشكە پايدىلىق. چۈنكى ھازىرقى باسقۇچتا، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي بىرلىكىنى مىللەتلەرنىڭ كەسىپ جەھەتتىكى چوڭ پەرقىنى يوقىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. بىر قاتار تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش كەسىپتىكى ۋەكىللىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشاش ئىكەن، مەخسۇس كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ئىچىدە رۇسلار بىلەن مولداۋلارنىڭ پەرقى ياشنىڭ كىچىكلىشىشىگە ئەگىشىپ

كىچىكلىگەن. 20—25 ياشلىقلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق دېيەرلىك⑥.

تەتقىقاتچىلار يەنە ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشنى تارىخىي يۇسۇندا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەھلىل قىلدى. ئۇلار ئاتا - بالا، نەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى سېلىشتۇردى! ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەقدىرىنى؛ ھەر خىل ياشتىكىلەرنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشىنى ۋە بۇنداق ئۆزگىرىشنى بەلگىلىگەن ئامىلنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا — مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى تەتقىق قىلىش. بۇ تەتقىقاتنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرى — شەھەر، يېزا نوپۇسىنىڭ نىسبىتى، بىرى — نوپۇسنىڭ كۆچۈشى - ئۆزگىرىشى. مىللەت - جەمئىيەتنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مىللەتلەر ئارا شەھەر، يېزا نوپۇسىنىڭ نىسبىتى ئوخشاش ئەمەس. شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى ھېلىمۇ چوڭ بولغاچقا شەھەر، يېزا نوپۇسىنىڭ نىسبىتى مىللەتلەرنىڭ تەبىقە قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مىللەت - جەمئىيەت تەكشۈرۈشىدىن يەنە مەلۇم بولدىكى، تىل ۋاسىتىسى، ئائىلە مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارمۇ نوپۇسنىڭ كۆچۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەر قايسى مىللەتنىڭ يېزا ئاھالىسىنىڭ شەھەرنىڭ «ماگنىتسىمان تارتىشى» غا نىسبەتەن ئىنكاسى ئوخشىمايدۇ. ھەر قايسى مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئەمگەك، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىغا بولغان قارىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تېخنىكىلىق ماھارىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، شەھەر تۇرمۇشىنى ئارزۇلاش ۋە شەھەرگە خاس كەسىپلەرگە ئىنتىلىش ھەۋىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. لېكىن كۆچمەنلەرنىڭ كۆچۈشتىكى غەرىزى ئوخشاش كېلىدۇ، مەسىلەن، شەھەرگە كېرەكلىك كەسپىي بىلىم ۋە قابىلىيەتنى ئۆگىنىش، ئىگىلەشكە قىزىقىش، يېزىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش شارائىتىغا قانائەت قىلماسلىق ۋە باشقىلار. ياش جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ھەر قايسى مىللەت كۆچمەنلىرىنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش، ئاساسەن ياشلار. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدە كۆچۈشنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئامىللار ئوخشىمايدۇ. بۇ بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسى ھۆكۈمەتنى مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ كۆچۈشىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشتا سىياسەت بەلگىلەش ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقى ئەمەلىيەت داۋامىدا مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا،

ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرى ۋە نۇقتىئىنەزىرى بار: ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىغا ۋە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش ئۇسۇلىغا نەزەر سېلىپلا قالماستىن، بۇ ئۇسۇلدىن كېلىپ چىققان نەتىجىگىمۇ نەزەر سالدى. ئۇلار مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ دىققەت مەركىزى — كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت قىياپىتى، جۇملىدىن مەلۇماتى، مەدەنىيەت ئېھتىياجى، ئارزۇسى، قىممەت مەنبەسى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت ئالاھىدىلىك ۋە ئورتاق ئىجتىمائىي جەريانىنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلەردە ئىپادىلەنگەن ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئېچىپ بېرىش. ئالىملار مىللىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشتا جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيىلىك ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ماتېرىيال جۇغلىنىشىنى تازا كۆپەيتتى. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى شۇ بولدىكى، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقات ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتقا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن تىل تەتقىقاتى بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان. تىل — مەدەنىيەت ھادىسىسى، سىستېمىغا ئايلانغان بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت. تىل لېكسىكىدىن مۇرەككەپ قۇرۇلمىغىچە، شۇنىڭدەك تارىخىي سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئاساسەن تۈرغۇزۇلغان نەسەپ سىستېمىسىغىچە تامامەن مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە. تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تىل تارىخ بىلەن تەڭ ماڭىدۇ، لېكسىكا ۋە بەزى تىل ھادىسىلىرى ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، تىلنىڭ نەسەپ سىستېمىسى ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ تەكتىنى، قانداق تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلگىلى، تىل بىلەن تومۇرداش بولغان بەزى مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تىل قۇرۇلمىسى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. تىل يەنە ئىجتىمائىي ھادىسە، تىلنىڭ ئىشلىتىلىشى، تەرەققىي قىلىشى جەمئىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا سوۋېت ئالىملىرى مەلۇم بىر مىللىي تىلنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تەكشۈرگەندە شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تىلنىڭ ئىشلىتىلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە باغلاپ تەكشۈردى. مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا قوش تىل ھادىسىسىمۇ مۇھىم بىر تەتقىقات مەزمۇنىدۇر. مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا تىلنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى

يېڭىباشتىن ئېچىپ بەرگەنلىكى بولىدۇ. تەتقىقات نەتىجىسىدىن مەلۇم بولدىكى، مىللەتلەرنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىشى، مەكتەپ، ھەربىي قىسىم، كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئىشلەش قاتارلىقلار قوش تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم ئامىلدۇ. ئالىملار قوش تىل ھادىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئاساسەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئائىلە ئۆز نۆۋىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەت - جەمئىيەت تەتقىقاتىدا بىر مۇھىم نۇقتىدۇر. بۇنداق تەتقىقات جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت مەسىلىسىگە زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئالىملار مىللەت، جەمئىيەتشۇناسلىق ئائىلىنىڭ سانى ۋە تەركىبى، ئائىلىدىكى مۇناسىۋەت، ئاياللارنىڭ ئورنى، ھەر قايسى مىللەت ئائىلىرىدىكى فۇنكسىيىلىك ئۆزگىرىشلەر، ئائىلىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى، رولىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە ئەۋلادلار مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاساسەن ئائىلە ئەنئەنىسىنىڭ جەمئىيەتنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا، كۆچۈشىگە ۋە ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگەككە قاتنىشىشىغا دىققەت قىلىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، (ئائىلە جۈملىدىن ئاتا - ئانىلارنىڭ مەلۇماتى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى) كىشىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. يات مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلىشىشى ئائىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە تەرىپىدۇر. بۇنداق نىكاھ بىر رايوننىڭ مىللىي تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئائىلىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تەتقىقاتتا، ئالىملار بۇنداق نىكاھ (ئائىلە) نىڭ سان جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېچىپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بولۇپمۇ بۇنداق ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ مىللىتىنى ئايرىشقا دىققەت قىلدى.

يۇقىرىقى نۇقتىلىق تەرەپلەردىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىرى يەنە مىللەتلەرنىڭ كەلدى - باردىسى، مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي تۇرمۇش ساھەسىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەرنى تەتقىق قىلدى ھەم مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى كۆزەتكەندە، مىللىي جەمئىيەت ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتى كۆزگە ئەڭ گەۋدىلىك چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە سوۋېت ئالىملىرى نۇرغۇن يول ئېچىش خاراكتېرلىق تۆھپىلەرنى ياراتتى. تەتقىقات نەتىجىسى جەھەتتە مول

تەسۋىرلەش خاراكتېرلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى. لېكىن بۇ تەسۋىردىي ماتېرىياللارنى ئىزاھلاش، تەھلىل قىلىش جەھەتتە، بۇ پەننىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تېخى مۇكەممەل ئەمەسلىكى، ئاساسلىقى، ئۇقۇم قورالى ۋە ئىزاھلاش ئەندىزىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىر يېڭى پەن ئۈچۈن، بۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋال. مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى تەتقىقاتنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا باغلىق. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق جەھەتتىكى نۇرغۇن تەجرىبىلىرى بىزنىڭ بۈگۈنكى رېئال مىللىي مەسىلىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشىمىزغا بولىدۇ.

ئىزاھلار:

---

① «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقات ئورنى ئويۇشتۇرغان مىللەتشۇناسلىق لېكسىيىسى» (تاڭ جىڭفاڭ «مىللەتشۇناسلىق خەۋىرى»، 3 - سان، 1980 - يىل، 12 - سان).

③ ۋوجۇخۇينىڭ «مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» دېگەن ئەسىرىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى. 1971 - يىل «مەركىزىي ئاسىيالىق ژۇرنىلى» 3 - توم، 5 - سان.

④ «تەتبىق قىلىنىدىغان جەمئىيەتشۇناسلىق لۇغىتى» 75 - بەت. (سوۋېت ئىتتىپاقى) ياۋىرۇزوك باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن.

⑤ «مىللەت ۋە مىللەتشۇناسلىق» 1988 - بەت. IO. B. بولوموۋلېي، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى نەشرى.

⑥ ماتېرىيال مەنبەسى «مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىقتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى» 45-بەت، ئوتتۇرا جەنۇب مىللەتلەر شۆبىۋەنى پەن تەتقىقات باشقارمىسى تۈزگەن.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) نىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇمەخۇن